# 11443 ـ بارلىق ھەدىيسلەر ئىشەنچىلىكمۇ ؟

**سۇئال**

بارلىق ھەدىيسلەر ئىشەنچىلىكمۇ ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .
پەيغەمبەرگە(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىدا ، بىر قىسمى توغرا(سەھىھ)دۇر ، بۇلارنىڭ پەيغەمبەرنىڭ(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) سۆزلىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق . يەنە بىر قىسمى بولۇپ بۇلار ئاجىز(زەئىف) دۇر ، بۇلارنىڭ پەيغەمبەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە شەكلىنىشكە بولىدۇ .
توغرا ۋە ئاجىز ھەدىسلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئالىملارغا ناھايىتى تونۇشتۇر . توغرا ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توغرا ھەدىس كىتاپلىرى تۆۋەندىكى ، مەسىلەن ، سەھىيھۇل بۇخارىي، سەھىيھۇل مۇسلىمغا ئوخشاش . يەنە توغرا ھەدىسلەر ۋە باشقا ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاپلار بار ، قالغان ھەدىيس كىتاپلىرىغا ئوخشاش .
ئالىملار توغرا ھەدىيسلەرنى باشقىلىرىدىن ئايرىشقا كۆپ كۈچ سەرىپ قىلدى ، بۇ ،ھەدىيس ئىلمىنى مەخسۇس ئۆگىنىۋاتقان ياش ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم .
پىشىۋا ئابدۇلكەرىيم خۇزەير